"碧理盖（神童）"儿童学习系列图书
bì lǐ gài (shén tóng) ér tóng xué xí xì liè tú shū

«بىلگەك» باللار قوش تىل ئۆگىنىش يۇرۇشلۇك كىتابلىرى

MUALLIM

# ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى
# 维吾尔语识字

3



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تىل راۋان
Til Rawan



# ل

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئالما = ئا + لـ + ـمـ + ـا

قىزىل = قـ + ـىـ + ـز + ىـ + ـل

يىلتىز = يـ + ـىـ + ـلـ + ـتـ + ـىـ + ـز

ئېلان = ئې + لـ + ـا + ن



## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

لامپا = لام + پا

مىللەت = مىل + لەت

بۇلبۇل = بۇل + بۇل

پەسىل = پە + سىل

## سۆز تۈزەلەيمەن

مو، يو < ل

قو، كۆ < ل

شە — كىل

تە — تىل

ئو — غۇل

بى — لىم

تىل راۋان
Til Rawan

تۆت لاپ-لاپ، ئەگرى ساپلاپ،
ئىككى دىلڭ-دىلڭ، بىر شىپ-شىپ. ( [illegible] )


قوشاق

لىڭگىر-لىڭگىر تاقتاق،
ھەجەخان چاپاق.
ھەجەخاننىڭ بىر قىزى بار،
يۈزلىرى قاسماق.

لىڭگىر-لىڭگىر تاقتاق،
ئىككىمىز ئىناق.
دائىم رەتلىك ئوينايمىز،
يۈزىمىز ئاپئاق.



لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس.



ئاداۋەت ساقلىسا يامان بولىدۇ.

تىلراۋان
Til Rawan



# ئۆ

## هەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئۆتۈك = ئۆ + ت + ۈ + ك　　تۆگە = ت + ۆ + گ + ە

دۆ = د + ۆ　　قارئۆرۈك = ق + ا + ر + د + ئۆ + ر + ۈ + ك

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئۆردەك = ئۆر + دەك　　سۆزلۈك = سۆز + لۈك

دۆلەت = دۆ + لەت　　بۆرە = بۆ + رە

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئۆ < ت / ي　　ئۆ < س / م　　ئۆ < تەك / چۈر　　ئۆ < كۈز / گەن



تىل راۋان
Til Rawan

ئاش، ئاشنىڭ ئىچىدە تاش،
تاشنىڭ ئىچىدە يەنە ئاش. ( [illegible] )

قوشاق

ئاق تاش - كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش،
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئاق تاش - كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش،
ماڭا كېرەك كۆپ ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟



ئۆزۈڭنى ئەر چاغلساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا.



ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

# ئۆ



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ئۆزۈم = ئۆ + ز + ۈ + م　　　گۆل = گ + ۆ + ل

كۆنلۈك = ك + ۆ + ن + ل + ۈ + ك　　　ئىتئۆزۈم = ئى + ت + ئۆ + ز + ۈ + م



## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئۈستەل = ئۈس + تەل　　　سۆزۈك = سۆ + زۈك

پۈتۈن = پۈ + تۈن　　　گۆدۈك = گۆ + دۈك

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئۆچ < كە / تۇرپان

ئۆچ < تاش / توغراق

ئۆ < جمە / لپەت

ئۆ < زۈم / زۈك

تىل راۋان
Til Rawan

بىر ساپاقتا بولىدۇ،
سان ـ ساناقسىز مېۋىسى.
يېسەڭ شۇنچە لەززەتلىك،
تىلنى يارار شىرىنىسى. ( ئۈزۈم )

قوشاق

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا مەشرەپ باشلىدۇق.
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلىقىدىن،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

تاپسىڭىز قوي ئۆلتۈرۈڭ،
تاپالمىسىڭىز چۈجە-خوراز،
تاپسىڭىز گۆل كەلتۈرۈڭ،
تاپالمىسىڭىز بىر باش پىياز.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.



ئاتا-ئانا بىلەن تاكاللاشسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# گ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

گىلەم = گ + ـىـ + ـلـ + ـە + م

ئېگىز = ئې + گ + ـىـ + ز

بىلىگ = ب + ـىـ + ـلـ + ـىـ + گ

مۆڭگۈز = م + ـۆ + ڭ + گ + ـۈ + ز

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

رەڭگى = رەڭ + گى

گۈزەل = گۈ + زەل

بۆگۈن = بۆ + گۈن

بىيولوگ = بى + يو + لوگ

## سۆز تۈزەلەيمەن

گ < ال / ەپ

گ < ۈل / ۆش

سە — پەر

سە — دەپ

سە — ھەر

سە — بي

تىل راۋان
Til Rawan

گۈلدىن گۈلگە قونىدۇ،
ئۆزى بەكمۇ تۇراقسىز.
گۈلگە ئوخشاش چېچەرىسى،
گۈل دەي دېسە پۇراقسىز.

( كېپىنەك )

قوشاق

باغدا بادام پىشىپتۇ،
تۈۋىگە توك-توك چۈشۈپتۇ.
مېنىڭ بالام بۆشۈكتە،
تولۇن ئايدەك يېتىپتۇ.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
تۈۋىگە توك-توك چۈشۈپتۇ.
مېنىڭ بالام بۇ باغدىن،
بادام تېرىپ يۈرۈپتۇ.



گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول.



گەپ توشۇسا يامان بولىدۇ

تىل راۋان
Til Rawan



# ك



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

كاۋا = ك + ا + ۋ + ا

تىكەن = ت + ى + ك + ە + ن

ئىشىك = ئ + ى + ش + ى + ك

بۆشۈك = ب + ۆ + ش + ۈ + ك

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

كەلكۈن = كەل + كۈن

سەككىز = سەك + كىز

كاتەك = كا + تەك

كىچىك = كى + چىك

## سۆز تۈزەلەيمەن

كا — رىز　　كۈچ — لۈك　　كۈ — چۈك　　كې — يىك

ئۆپ — كە　　كۆ — پۈك　　كاك — كۈك　　بې — كەت

تىل راۋان
Til Rawan

كۆتۈرۈلۈپ دېڭزدن،
كۆككە ئۇچۇپ باردۇ.

كۆكتن قايتپ چۈشكەندە،
هەممە گياھ قاندۇ.
( يامغۇر )

قوشاق

ئاق ئوغلقم - ئوغلقم،
ساق ئوغلقم - ئوغلقم.
يۇمشاق كۆرپە ئۈستدە،
يات ئوغلقم- ئوغلقم.

ئاناڭ تاغدا مەرەيدۇ،
ئوت سپپەرسە يېمەيدۇ.
ئۇخلاۋەرسەڭ كارى يوق،
بالام نەدە دېمەيدۇ.

كۈچ برلكتە، ئش ئۆملۈكتە.



ئاجزلارنى بوزەك قلش يامان بولدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ج

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

جاپا = ج + ا + پ + ا

تىجارەت = ت + ى + ج + ا + ر + ە + ت

تاج = ت + ا + ج

مىزاج = م + ى + ز + ا + ج

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

جىددىي = جىد + دىي

مىزاج = مى + زاج

جانجىگەر = جان + جى + گەر

ئاجايىپ = ئا + جا + يىپ

## سۆز تۈزەلەيمەن

با / كا > ج

گە / ھە > ج

جا — زا

جە — رەن

ئۆج — مە

ئاج — را



تىل راۋان
Til Rawan

سۇدا ئۈزگەندە يايرايدۇ تېنى،
سۇدىن ئايرىلسا قالمايدۇ جېنى. (بېلىق)

قوشاق

چىك - چىك - چىك،
ئويغان بالىجان،
تەييارلىدى چاي،
ساڭا ئانىجان.

چىك - چىك - چىك،
مەكتەپكە يول ئال.
تىرىشىپ ئۆگەن،
ئۇستاز سۆزى بال.

جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق.



سەھەر تۇرمىسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# چ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

چىراغ = چـ + ـىـ + ـر + ا + غ

كىچە = كـ + ـىـ + ـچـ + ـە

قىلىچ = قـ + ـىـ + ـلـ + ـىـ + ـچ

كۆچ = كـ + ـۆ + چ



## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

چىلەك = چى + لەك

كىچىك = كى + چىك

غىرىچ = غى + رىچ

قىزغۇچ = قىز + غۇچ

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئا / قا — چ

ئۆ / كۆ — چ

چا — رە

ئۆچ — كە

چەي — نەك

تۆ — مۈر

تىل راۋان
Til Rawan

ئىككى كىچىك كېچىك كەچتىم،
ئۈچ كىچىك كېچىك كەچتىم،
نەچچە كىچىك كېچىك كەچتىم؟

قوشاق

قارلىغاچىمەن قارلىغاچ،
قاناتلىرىم ئالماچ،
تەندە مادارىم بولغاچ،

زىيانداشنى قورۇغاچ،
لىم ئۈستىدە ئۆيۈم بار.



ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ.



چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسە يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# خ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

خاتا = خـ + ا + تـ + ا

ئىخچام = ئـ+ىـ+خـ+چـ+ا+م

بىخ = بـ + ىـ + خ

شاخ = شـ + ا + خ

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

خامان = خا + مان

تېخى = تې + خى

تارىخ = تا + رىخ

دەرەخ = دە + رەخ

## سۆز تۈزەلەيمەن

خا < تا / لىق

خا < مان / ئىن

خە — ۋەر

ئەخ — لاق

ناخ — شا

خۇش — خۇي

تىل راۋان
Til Rawan

ئاخشام ئاق شامنى ياقتىم،
ئاق شامنى ئاخشام ياقتىم.

قوشاق

ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
ئۆزى چېۋەر ھەر ئىشتا،
ھەم ئەلاچى ئوقۇشتا،
بىزگە گۈلئاي قىز كېرەك.

ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
ئۆزى خۇشخۇي گۈل غۇنچە،
تىلى تاتلىق ھەم شۇنچە،
باتۇر ئوغۇل - قىز كېرەك.



دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار.



تېپىۋالغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

# م



## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

مايمۇن = م + ا + ي + م + ۇ + ن    ئاسمان = ئا + س + م + ا + ن

قىسىم = ق + ى + س + ى + م    تام = ت + ا + م

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

مەكتەپ = مەك + تەپ    ئىمتىھان = ئىم + تى + ھان

ئامما = ئام + ما    ھاممام = ھام + مام

## سۆز تۈزەلەيمەن

تا / قۇ > م    ئۆ / كە > م

مى — جەز    ئىم — لا

ئۇ — ماق    كەم — تەر

تىل راۋان
Til Rawan

ئالەمدە بار، ئايدا يوق،
ئاسماندا بار، يەردە يوق،
مەندە بار، سەندە يوق،
جىنىمدا بار تەندە يوق.
تېپىڭلارچۇ ئۇ نىمە؟

( «م» ھەرپى )

قوشاق

مۇشۇكۇم- مۇشۇك،
ماراپ ياتار تۆشۈك.
چاشقان دېگەن تەملىك،
چاشقان دېگەن گۆشلۈك.

مۇشۇكۇم- مۇشۇك،
ماراپ ياتار تۆشۈك.
ساقچى بولۇپ كېچىسى،
كۈندۈزدە شۈپشۈك.



ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە.



بوسۇغدا تۇرۇۋالسا يامان بولىدۇ

تىل راۋان
Til Rawan



# ر

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

راۋاب = ر + ا + ۋ + ا + ب

ئەركىن = ئە + ر + ك + ىـ + ن

كەررە = ك + ـە + ر + ر + ە

شائىر = ش + ـا + ئى + ر



## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

رەسىم = رە + سىم

راستچىل = راست + چىل

ئايرىم = ئاي + رىم

كىرپە = كىر + پە

## سۆز تۈزەلەيمەن

با / قا > ر

يە / تو > ر

را — ھەت

ئام — راق

ئور — مان

زە — ھەر

تىل راۋان
Til Rawan

يۇلتۇزمكن دېمەڭلار،
يېراق ئەمەس يۇلتۇزدەك،
يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچسا،
كېچە بولۇر كۈندۈزدەك.

( [illegible] )

قوشاق

قارا- قارا قۇشلارىم،
ئارقاڭدىكى نېملەرىڭ؟
ئۇششاق- ئۇششاق باللارىم.
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ،
كۈچۈك يەتسە ئالساڭچۇ.

كۈچۈم نەگە كېتپتۇ؟
ئالا تاغقا كېتپتۇ.
ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئالا- يېشل قۇشلار بار.
ئۇنداق بولسا بارايچۇ،
قۇشتن بىرنى تۇتايچۇ!



راست سۆزلىسەڭ قۇتۇلسەن، يالغان سۆزلىسەڭ تۇتۇلسەن.



ئۆتنە ئالغان نەرسىنى ۋاقتىدا قايتۇرمسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ز

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

زاكاز = ز + ا + ك + ا + ز

ئىززەت = ئى + ز + ز + ە + ت

كارىز = ك + ا + ر + ى + ز

پاكىز = پ + ا + ك + ى + ز

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

زاۋۇت = زا + ۋۇت

ئىزھار = ئىز + ھار

ئىزچى = ئىز + چى

قىزغىن = قىز + غىن

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئا، قى > ز

ئۆ، كە > ز

زا — مان      قە — غەز

قو — تاز      خو — راز

تىل راۋان
Til Rawan

بىز، بىز ، بىز ئىدۇق،
بىز ئون ئىككى قىز ئىدۇق.
بىر گۇمبەزگە يىغىلدۇق،
تاڭ ئالدىدا تارالدۇق.

( [illegible] )

قوشاق

ئۇيانمۇ زەيكەش،
بۇيانمۇ زەيكەش.
ياغلىق ئوينايمىز،
ئارقامدىن ئەگەش.

سەندە ساپان كەش،
مەندە چاقچاق كەش.
ياغلىقىڭ مەندە،
ئارقامدىن ئەگەش.




پىلانسىز ئىش ، قېلىپسىز خىش.



تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يېسە يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




# ژ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ژۇرنال = ژ + ۇ + ر + ن + ا + ل

بۇژغۇن = ب+ۇ+ژ+غ+ۇ+ن

كاژ = ك + ا + ژ

پىژ- پىژ = پ+ى+ژ- پ+ى+ژ

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ژانىر = ژا + نىر

پۇرژىنا = پۇر + ژى + نا

مونتاژ = مون + تاژ

غۇژمەك = غۇژ + مەك

## سۆز تۈزەلەيمەن

كا / ۋا ＜ ژ

گا / پى ＜ ژ

ژۇر — نال      پا — رىژ

بۇژ — غۇن      تى — راژ

تىل راۋان
Til Rawan

ئۆزى خۇددى يىلاندەك،
رەڭگى ئۇنىڭ چىلاندەك.

بىزگە پايدا يەتكۈزەر،
يەر ئاغدۇرۇپ دېھقاندەك.

( [illegible] )

قوشاق

بىر دېگەن بىلەك،
ئىككى دېگەن ئىلگەك،
ئۈچ دېگەن ئۈچكە،
تۆت دېگەن تۆشۈك،
بەش دېگەن بۆشۈك.

ئالتە ـ ئالما،
يەتتە ـ يەككە،
سەككىز ـ ساقا،
توققۇز ـ توقا،
ئون ـ ئويماق.



يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.



باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچلسايان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ف

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

فامىلە = فـ + ـا + مـ + ـىـ + ـلـ + ـە          نېفىت = نـ + ـېـ + ـفـ + ـىـ + ـت

گولف توپ = گـ + ـو + ل + ف   تـ + ـو + پ          سۇف = سـ + ـۇ + ف

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ئافرىقا = ئاف + رى + قا          شىفىر = شى + فىر

تېلېگراف = تې + لېگ + راف          ئارىف = ئا + رىف

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئۇ / تۇ > ف          سۇ — ف

ئاف — غان          ئا — رىف

شى — فەن          فون — تان

تىل راۋان
Til Rawan

كيىملىرى رەڭگارەڭ،
مېڭىشلىرى سۆلەتلىك.
سوقۇشقانىنى كۆرسىڭىز،
دەيسىز ئەجەب يۈرەكلىك.

(خوراز)

قوشاق

قارلار ياغدى لەپ ـ لەپ،
توشقان چىقتى سەكرەپ.
تۇتۇۋالدۇق ئەپلەپ،
ئوينايلى دەپ مەشرەپ.

ئوينىمىدى توشقان،
قويدى بىزنى يەكلەپ.
قويۇۋەتتۇق دالاغا،
قاچتى دىك ـ دىك سەكرەپ.



تىلنى سۆيمىگەن ئەلنى سۆيمەيدۇ.



كەچتە تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ھ

### ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ھازىر = ھ + ا + ز + ى + ر

قەبىھ = ق + ە + ب + ى + ھ

مېھمان = م + ې + ھ + م + ا + ن

گۇناھ = گ + ۇ + ن + ا + ھ

### بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ھايات = ھا + يات

ھېيتگاھ = ھېيت + گاھ

بىھوش = بى + ھوش

تەنبىھ = تەن + بىھ

### سۆز تۈزەلەيمەن

ئا / ۋا ＞ ھ

پا / چۇ ＞ ھ

ھوش — يار  ھەم — راھ

جا — ھان  زې — ھىن



تىل راۋان
Til Rawan

شەكلى هەرخىل چىشى كۆپ،  تىپىڭلارچۇ ئۇ نىمە،
ياغاچ بىلەن ئىشى كۆپ.  ئۇنى كۆرگەن كىشى كۆپ.

( [illegible] )

قوشاق

هاۋا هاۋا هاۋاچاق،
ئوتۇن تەردىم بىر قۇچاق.
ئوتۇنۇمنى ئەپقاچتى،
پاقا بىلەن قۇمچاق.

ئوتۇن قالاپ ئوچاققا،
سۇيۇقئاش ئەتسۇن پۇرچاقتا.
ئەللەي ئەتسە ئانىسى،
بالا ئۇخلار قۇچاقتا.



ئىشچان ئىشنى يەيدۇ، هۇرۇن بىشنى يەيدۇ.



كۇن چىققۇچە ئۇخلىسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



# ڭ

## ھەرپلەرگە ئاجرىتالايمەن

ياڭاق = يـ + ا + ڭـ + ا + ق

يېڭى = يـ + ېـ + ڭـ + ى

مىڭ = مـ + ـىـ + ـڭ

تەڭ = تـ + ە + ڭ

## بوغۇملارغا ئايرىيالايمەن

ساڭزا = ساڭ + زا

ئۆستەڭ = ئۆس + تەڭ

دېڭىز = دې + ڭىز

ئايدىڭ = ئاي + دىڭ

## سۆز تۈزەلەيمەن

ئا / ئو > ڭ

چو / تا > ڭ

ئاڭ — لىق      دې — ڭىز

ئا — ھاڭ      يىڭ — نە



تىل راۋان
Til Rawan

ئوڭدا بار سولدا يوق،
چوڭدا بار، كىچىكتە يوق.
تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

( [illegible] )

قوشاق

خان قىز، خان قىز،
خاننىڭ قىزى.
بىر چىنە كېپەك بېرەي،
ئۇچۇپ بېرىڭە.

بېغىمىزنى ئايلىنىپ،
ئۇچۇپ بېرىڭە.
قايسى گۈل ئەڭ چىرايلىق،
ئېيتىپ بېرىڭە.

ئەقىل تۈزىماس، بىلىم خورىماس.



تاماق تاللىسا يامان بولىدۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

# ئېيىق بىلەن دېھقان

بىر ئېيىق بىلەن بىر دېھقان يېقىن ئاغىنە ئىكەن، ئۇلار بىر يىلى بىرلىشىپ ياڭيۇ تېرىپتۇ. كۈز بولغاندا ھوسۇلنى قانداق بۆلۈشۈۋېلىش توغرىلىق ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. دېھقان ئېيىققا:

— ئېيىق دوستۇم، سەن كۆكنى ئالامسەن، يىلتىزنىمۇ؟ ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن، — دەپتۇ.

ئېيىق بىر ھازا ئويلىنىپ كېتىپ:

— مەن يىلتىزىنى نېمە قىلىمەن، كۆكنى ئالاي، - دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئېيىق بىلەن دېھقان پۈتۈشۈپتۇ. ئېيىق كۆكنى يىغىۋاپتۇ. دېھقان يىلتىزىنى كولاپ، ھەر يوغان ياڭيۇلارنى يىغىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېيىق ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى سېزىپ، ئەخمەق بوپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق نەرسىنىڭ يىلتىزىنى ئالسام بولغۇدەك، دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.



ئىككىنچى يىلى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇغداي تېرىپتۇ. بۇغداي راسا پىشقاندىن كېيىن دېھقان ئېيىقتىن:

— بۇ يىل قانداق قىلسەن؟ كۆكنى ئالامسەن، يىلتىزنىمۇ؟ —

تىل راۋان
Til Rawan

دەپ سوراپتۇ.

— ياغاچ قازاندا ئاش بىر قېتىم پىشىدۇ. بۇلتۇر زىيان تارتتىم. بۇ يىل كۆكنى سەن ئال، مەن يىلتىزىنى ئالىمەن، — دەپتۇ ئېيىق.

— يەنە زىيان تارتىپ قالساڭچۇ؟ — دەپتۇ دېھقان.

— ياق، نېمە بولسىمۇ يىلتىزىنى ئالىمەن! — دەپتۇ ئېيىق سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ، دېھقان بۇغداينى راسا ئورۇپ، خامان قىلغاندىن كېيىن قىپقىزىل بۇغداينى ئېلىپ، ئاپئاق نانلارنى يېقىپ يەپتۇ. ئېيىق بولسا يىلتىزىنى ئېلىپ يەنە داغدا قاپتۇ. بەزى زىرائەتلەر كۆكىدىن، بەزى زىرائەتلەر يىلتىزىدىن ھوسۇل بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئېيىق قارىغۇلارچە ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ زىيان تارتىپتۇ.





تىل راۋان
Til Rawan

# تەقدىرگە تەن بەرگىن

بىر يېزىدا بەكمۇ سالاپەتلىك ۋە پاكىز قېرىغان بىر بوۋاي بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بۇ يېزىدىكى بىر يىگىت بوۋاينى يوقلاپ كىرىپتۇ. يىگىتنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— ئوغلۇم، تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇ — ئارمانلىرىم بار ئىدى. ناۋادا قازايىقەدەر يېتىپ قالسا، شۇ پېتىلا قالىدىغان بولدى — دە، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ.

— ۋاي چوڭ دادا، — دەپتۇ يىگىت، — سەن يەيدىغىنىڭنى يەپ، كىيىدىغىنىڭنى كىيىپ بولدۇڭ. ساقىلىڭ ئاقىرىپ، چىشىڭ سارغايدى. سەن چۆنەكتىكى پىشىپ قالغان قوغۇن، بۇنى بىرى ئۈزمىسىمۇ، ئۆزى پىلەكتىن ئاجراپ كېتىدۇ. قوغۇنلۇققا كىرگەنلەر ئالدى بىلەن پىششىقىنى ئۈزىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرگىن!

يىگىتنىڭ تەسەللىسى بوۋاينىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى بوۋاي ساقىيىپ، يىگىت ئاغرىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇنى يوقلاپ كىرسە، يىگىت زارلىنىپ:

— بوۋا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى كۆرمىدىم، ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم، قانداقمۇ قىلارمەن؟ - دەپتۇ.

— ھەي بالام، ئورۇنسىز ئۆكۈنمە. بىر قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، قوغۇننىڭ پىششىقىنىمۇ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ. ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە ياش — قېرىغا باقمايدۇ، ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟! تەقدىرگە تەن بەرگىن! — دەپتۇ بوۋاي.





تىل راۋان
Til Rawan

# خام خىيال

بىر بالا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ، بىر جىگدىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ ــ دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ: «ھازىر مۇشۇ توشقاننى تۇتۇۋالسام، بازارغا ئاپىرىپ ساتسام، پۇلىغا بىر توخۇ ئالسام، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇملارنى كۈرۈك توخۇغا باستۇرۇپ بەرسەم، تۇخۇمدىن چۆجىلەر چىقسا، چۆجىلەر چوڭ بولغاندا، سېتىپ بىر قوي ئالسام، قوي ئىككىدىن تۇغسا، چوڭ بولغان قوزىلارنى سېتىپ راسا كېلىشكەن بىر ئات ئالسام، مال ــ ۋاران پادا ــ پادا بولۇپ كەتسە، بىر قىسمىنى سېتىپ قورۇ ــ جاي ئالسام، يەر ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلسام، بۇغدايلىرىم ئوخشاپ، قوغۇن ــ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىلەر پىشىپ كەتسە، ئاپام بىلەن دادام: «يارايسەن ئوغلۇم! يارايسەن!» دەپ كېتەتتى ــ ھە! دەپ ۋارقىرىغانىكەن، توشقان ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالا «ھەسسىنە!» دەپ ئېغىزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.





تىل راۋان
Til Rawan